### باقتۇ جۇڭگو - قازاقىستان چېگرا ئاھالىلىرى ئۆتۈشمە بازىرى سودا رايونىنىڭ

# تىجارەت باشلىغان تۇنجى ئايدىكى سودا سوممىسى 10 مىليون يۈەندىن بۆسۈپ ئۆتتى

(بېشى 1 - بەتتە)

«دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈش» سىياسەت ئەۋزەللىكىگە باغلىق. بەلگىلىمىگە ئاساسەن، چېگرا ئاھالىلىرى ئۆتۈشمە بازىرى سودا رايونىغا كىرگەن تاۋارلار سومما چەكلىمىسىگە ئۇچرىمايدۇ، چېگرا ئاھالىلىرى ئۆتۈشمە بازىرى سودا رايونىدا تەكشۈرۈلىدۇ، چېگرا ئاھالىلىرى ئۆتۈشمە بازىرى سودا رايونىدىن چىققاندا ھەربىر ئادەم كۈنىگە 8000 يۈەن خەلق پۇلى باج كەچۈرۈم قىلىش سىياسىتىدىن بەھرىمەن بولىدۇ؛ چېگرا ئاھالىلىرى ئۆتۈشمە بازىرى سودا رايونىدا سېتىۋالغان تاۋارلار ئۆزى ئىشلەپچىقىرىپ، ئۆزى ساتىدىغان تاۋارلار بىلەن ئوخشاش، دەپ قارىلىدۇ؛ قازاقىستان پۇقرالىرىدىن ئۈچ كۈن ۋىزا كەچۈرۈم قىلىنىپ، باقتۇ پورتى چېگرا ئاھالىلىرى ئۆتۈشمە بازىرى سودا رايونىغا كىرىشكە رۇخسەت قىلىنىدۇ.

«دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈش» يېڭىلىق يارىتىش ئەندىزىسىگە تېخىمۇ موھتاج. باقتۇ جۇڭگو - قازاقىستان چېگرا ئاھالىلىرى ئۆتۈشمە بازىرى سودا رايونىنىڭ تېپىنى ئۆزگەرتىپ تەرەققىي قىلدۇرۇش بويىچە نۇقتىدا سىناق قىلىشنىڭ بىر چوڭ يارقىن نۇقتىسى — ئۆزئارا ياردەم بېرىش گۇرۇپپىسى شەكلى ئارقىلىق ئۆتۈشمە بازىرى سودىسى ئېلىپ بېرىش، يەنى جۇڭگو تەرەپ چېگرا ئاھالىلىرىدىن 20 كىشىنى بىر گۇرۇپپا قىلىپ ئۆزئارا ياردەم بېرىش گۇرۇپپىسى تەشكىللەيدۇ، ئىلگىرىكى يالغۇز چېگرا ئاھالىسىگە سېلىشتۇرغاندا، ئاددىي بولغان ئادەم مال ئېلىش شەكلى بىلەن ئەمەس، بەلكى كۆپ مىقدارلىق سودا (مەسىلەن، ئاپتاپپەرەس ئۇرۇقى، زاراڭزا ئۇرۇقى) ئىمپورتى قىلغىلى بولىدۇ. نۆۋەتتە، تارباغاتاي ۋىلايىتى چېگرا ئاھالىلىرى ئۆزئارا ياردەم بېرىش گۇرۇپپىسىدىن جەمئىي 126 نى تەشكىللەپ قۇردى.

«بۇ خىل ‹چېگرا ئاھالىلىرى ئۆتۈشمە بازىرى سودىسى+ئۆزئارا ياردەم بېرىش گۇرۇپپىسى› شەكلى چېگرا ئاھالىلىرىنى بىرلىشىپ بېيىپ، كىرىمنى ئاشۇرۇشقا يېتەكلەپلا قالماستىن، يەنە سودىگەرلەرگە باجنى كەچۈرۈم قىلىش پايدىسى ئېلىپ كېلىدۇ، قوش ئۈنۈمگە ئېرىشكىلى بولىدۇ» دېدى شياۋ زۇۋېن.

تارباغاتاي ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ ۋالىيسى مۇقىيات جارمۇقاممەت مۇنداق بىلدۈردى: كېيىنكى قەدەمدە، تارباغاتاي ۋىلايىتى قاراماي - چۆچەك تۆمۈريولىدا قاتناش باشلىنىش پۇرسىتىنى چىڭ تۇتۇپ، پورتنىڭ مال سېتىۋېلىش، ساياھەتچىلىك ئىقتىسادىنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇپ، يۇقىرى باشلىنىش نۇقتىسى، يۇقىرى ئۆلچەمدىن چېگرا ئاھالىلىرى ئۆتۈشمە بازىرى سودا تېپىنى ئۆزگەرتىپ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈشنى ئالغا سىلجىتىپ، تارباغاتاينى يىپەك يولى ئىقتىساد بەلبېغى يادرولۇق رايونىدىكى مۇھىم تۈگۈن قىلىپ قۇرۇپ چىقىدۇ.

### گۈزەل يۇرت - ماكانىمىزنى ياخشى قوغدايلى

# مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنىڭ ئەمەلىيەتتە كۆرسەتكۈچىلىرىدىن بولىمەن

□قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستلىق پارتكوم كۆزىتىپ تەكشۈرۈش ئىشخانىسىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى ليۇ سەيشيۇڭ

مەن بېكتۇەن 3 - شىسىنىڭ 45 - تۇەنىدە تۇغۇلۇپ چوڭ بولغان، «3 - ئەۋلاد شىنجاڭلىق». بوۋام تۇنجى تۈركۈمدىكى بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈپ چېگرانى مۇستەھكەملىگەن بىڭتۇەنلىك، بوۋام ئىزچىل بىزگە ياخشىلىققا جاۋاب قايتۇرۇشىمىز، پارتىيە ۋە ۋەتەنگە مىننەتدارلىق بىلدۈرۈشىمىز، ھەر مىللەت ئاكا - ئىنى، ئاچا - سىڭىللار بىلەن ئىناق بىللە ئۆتۈشىمىز كېرەك، دەپ تەربىيە بېرەتتى. يۇرتۇم 45 - تۇەندە نۇرغۇن ئۇيغۇر قېرىنداش بار ئىدى، بىز قېرىنداشلاردەك، بىر ئائىلە كىشىلىرىدەك ئۆتەتتۇق. كىچىك ۋاقتىمدا، مەن ھەر مىللەت كىچىك دوستلار بىلەن بىللە قۇش ئۇۋىلىرىدىن قۇش بالىلىرىنى تۇتاتتۇق، تەپكۈچ ئوينايتتۇق، مۇز تېيىلاتتۇق، جىگدە ئۈزەتتۇق... ناھايىتى خۇشال ئۆتەتتۇق.

ئانامنىڭ ماڭا ئېيتىپ بېرىشىچە، 1976 - يىلى مەن ئەمدىلا تۆت ياشقا كىرگەندە، دادام گەنسۇدىكى يۇرتىمىزغا بېرىپ، ئانام، مەن ھەم سىڭلىمنى ئېلىپ شىنجاڭغا كەلگەن ئىكەن، ئاقسۇغا كەلگەندە دادامنىڭ تۇيۇقسىز ئۆپكە ياللۇغى قوزغىلىپ، قىزىتمىسى ئۆرلەپ، قان قۇسۇپتۇ، ئازغىنا پۇلنى داۋالاش ھەققىگە تاپشۇرۇۋەتكەچكە، ئاخىرىدا تاماق يېگۈدەكمۇ پۇل قالماپتۇ. ئەينى چاغدا دادام بىلەن بىر كېسەلخانىدا ياتقان ئۇيغۇر بوۋاي بىزگە نان بېرىپتۇ، شۇنىڭ بىلەن بوۋام بىزنى ئىزدەپ تېپىپ ئېلىپ كەتكۈچە بەرداشلىق بېرىپتۇق. 45 - تۇەن 2 - لىيەندىكى ۋاقتىمدا، دادامنىڭ ياخشى دوستلىرى ئىچىدە ئىككى ئۇيغۇر بار ئىدى، ئۇلار ئۆزئارا بىر - بىرىگە كۆيۈنەتتى، كېسەل بولۇپ دوختۇرخانىدا يېتىپ قالسا بېرىپ يوقلىشاتتى. دادام دائىم: «ئۇيغۇر قېرىنداشلىرىم بولمىغان بولسا ئاقسۇدىلا ئۆلۈپ كەتكەن بولاتتىم» دېگەن گېپىنى ئاغزىدىن چۈشۈرمەيتتى. چوڭلارنىڭ تەسىرىدە بىز ئاكا - ئىنى، ئاچا - سىڭىللارنىڭ ئۇيغۇر قېرىنداشلارغا بولغان چوڭقۇر مېھىر - مۇھەببىتىمىز بالىلىق چاغلىرىمىزدىن باشلاپلا چوڭقۇر يىلتىز تارتقان.

كېمىنىڭ كۈچى يەلكەندە، ئادەمنىڭ كۈچى قەلبتە. مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىدا مۇھىمى قەلب ئالماشتۇرۇش، بىر - بىرىنىڭ ھالىغا يېتىش، كۆڭۈل بىلەن كۆڭۈلنى ئۇتۇشتا. 2017 - يىلى، مەن «ئەلرايىنى بىلىش، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش، ئەلنى مايىل قىلىش» بويىچە كەنتتە تۇرۇش خىزمىتىگە قاتنىشىپ، ئۇلۇغچات ناھىيەسىنىڭ بوستان تېرەك يېزىسى جۇلۇقباش كەنتىدە تۇردۇم، دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ ئۆيلىرىگە كىرىپ زىيارەت قىلىش ئارقىلىق، پارتىيەنىڭ ھەر خىل خەلققە نەپ يەتكۈزۈش سىياسىتىنىڭ ھەر مىللەت خەلقىنى بەختلىك تۇرمۇشقا ئېرىشتۈرگەنلىكىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆردۈم ھەم ھەقىقىي ھېس قىلدىم. كەنتتە، مەن 12 ياشلىق قىرغىز قىز سۆبھىنۇر بىلەن ئانا - بالىلىق مېھرى ئورناتتىم. ئەمەلىيەتتە مەن پەقەت چامىمنىڭ يېتىشىچە ئۇنىڭغا كۆڭۈل بۆلدۈم، ياردەم قىلدىم، ئۇ دەسلەپتە مېنى «ئاچا» دەپ چاقىردى، كېيىن «تۇتۇق ئانا» دەيدىغان بولدى، كەنت ئاھالىلىرىمۇ مېنى يېقىملىق قىلىپ «گۈلجامال» دەپ ئاتىدى. مەن ئىدارىگە قايتىشتىن بىر كۈن بۇرۇن سۆبھىنۇر مېنىڭ كەنتتىن كېتىدىغانلىقىمنى بىلىپ، مېنى قۇچاقلاپ بىر ھازا يىغلىدى. مېنىڭ دېمەكچى بولغىنىم: ھەقىقىي كۆڭۈل بەرسىڭىزلا، سىزگە جەزمەن ھەقىقىي مۇھەببەت قايتىدۇ.

مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنىڭ ھاياتىي كۈچى ئەمەلىيەتتە، ھەربىر ئادەمنىڭ كۆڭۈل قويۇپ ئاسرىشى ۋە ئاڭلىق ھەرىكىتىدە. پارتىيەلىك كادىر بولۇش سۈپىتىم بىلەن، مەن كىچىك ئىشلاردىن، ئەتراپىمدىكى ئىشلاردىن باشلاپ قىلىپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۆز قارىچۇقۇمنى ئاسرىغاندەك ئاسرايمەن، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى ھاياتىمنى قەدىرلىگەندەك قەدىرلەيمەن، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا پايدىسىز بارلىق سۆز - ھەرىكەتلەرگە قەتئىي قارشى تۇرىمەن، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا زىيانلىق ھەرقانداق ئىشنى قەتئىي قىلمايمەن.

مەن مەڭگۈ ئۆزۈمنىڭ بىرىنچى سالاھىيىتىنىڭ كومپارتىيە ئەزاسى ئىكەنلىكىنى ئېسىمدە مەھكەم ساقلاپ، باشتىن - ئاخىر ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاپ، ئاڭلىق ھالدا «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، ئۈزلۈكسىز ھالدا سىياسىي ئىقتىدارىمنى ئۆستۈرۈپ، سىياسىي ئېڭىمنى كۈچەيتىپ، سىياسىي مەسئۇلىيەتچانلىقىمنى يەنىمۇ كۈچەيتىمەن. شۇنىڭ بىلەن بىللە، يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا دىققەتنى باش نىشانغا مەركەزلەشتۈرۈپ، بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشى ئىنتىزامىغا قاتتىق رىئايە قىلىپ، ۋەتەننىڭ بىرلىكى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى، ئىجتىمائىي مۇقىملىقنى قەتئىي قوغدايمەن، قەتئىي، كەسكىن ھالدا مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنىڭ ئەمەلىيەتتە كۆرسەتكۈچىلىرىدىن بولۇپ، شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن تېگىشلىك تۆھپەمنى قوشىمەن.

(بېشى 1 - بەتتە)

خەۋەرگە ئاساسلانغاندا، ئاپتونوم رايونىمىزدا ئېكولوگىيەلىك مۇھىتنى ئۆلچەپ تەكشۈرۈش تورى ۋە چوڭ سانلىق مەلۇمات قۇرۇلۇشى كېيىنرەك باشلانغان، خىزمەتلەرنى ئىلگىرى سۈرۈش نىسبەتەن ئاستا بولۇۋاتقان ھازىرقى ئەھۋالغا قارىتا، ئاپتونوم رايونلۇق ئېكولوگىيەلىك مۇھىت نازارىتى قايتا - قايتا تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش ئارقىلىق، ئېكولوگىيەلىك مۇھىت چوڭ سانلىق مەلۇماتىدا يىغىلىق يارىتىش ۋە ئۇنى قوللىنىشنى ئۈزلۈكسىز ئالغا سىلجىتىشنى تۈزىتىش ماددىلىرىغا كىرگۈزگەن. بۇ مەسىلىنى تۈزىتىش بىردەملىك ئىش ئەمەس، ئاپتونوم رايونلۇق ئېكولوگىيەلىك مۇھىت نازارىتى بۇنىڭ ئۈچۈن مەخسۇس ئېكولوگىيەلىك مۇھىت تورى قۇرۇلۇشى خىزمەت پىلانىنى تۈزۈپ چىققان ھەم ئەمەلىيلەشتۈرۈش پىكىر يولى، ئىنچىكىلەشتۈرۈلگەن ئەمەلىيلەشتۈرۈش مەزمۇنى ۋە كونكرېت تەدبىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويغان. ئاپتورنىڭ قارىشىچە، بۇ بىر قاتار خىزمەتلەر كېيىنكى سىجىل تۈزىتىش ئۈچۈن «توك تولۇقلىغانلىق». چۈنكى مەيلى قەدەمگە بۆلۈپ يولغا قويۇش پىلانى تۈزۈش بولسۇن ياكى مۇناسىۋەتلىك تۈزۈملەرنى چىقىرىش، ئۇزاق ئۈنۈملۈك مېخانىزم بەرپا قىلىش قاتارلىقلار بولسۇن، ھەممىسى تۈزىتىشتە ۋاقىت ئۇزاق بولۇش سەۋەبىدىن كېلىپ چىقىدىغان بېشىدا چىڭ تۇرۇپ، ئاخىرىدا بوشاپ كېتىش، بېشى بار، ئايىغى يوق بولۇش ھادىسىسى كۆرۈلۈشنىڭ ئالدىنى ئېلىپ، تۈزىتىش - ئەمەلىيلەشتۈرۈشنىڭ دەل جايىدا بولۇشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىدۇ.

شۇڭا، بىز سىجىل تۈزىتىشتە «توك مىقدارى»نىڭ يېتەرلىك بولۇشىنىڭ مۇھىملىقىنى چوڭقۇر تونۇپ، تاكى مەسىلىنى مۇۋاپىق ھەل قىلىش، ئەمەلىي ئۈنۈم ھاسىل قىلىشقىچە ئۈنۈملۈك تەدبىر قوللىنىشىمىز كېرەك.

**(«سۆز ھەممىگە» ئىستونىغا ماقالە ئەۋەتىش پوچتا ساندۇقى: xjrbplb@126.com)**

### مىللەتنىڭ گۈللىنىشى ئۈچۈن - قەھرىمانلار، قۇربانلار شەجەرىسى

# سۈن جەنيۇەن: شاڭگەنلىڭ ئۇرۇشىدىكى كۈرەش قەھرىمانى



سۈن جەنيۇەننىڭ سۈرىتى. □شىنخۇا ئاگېنتلىقى تارقاتقان

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، جېڭجۇ، 7 - ئاينىڭ 12 - كۈنى تېلېگراممىسى(مۇخبىر ۋاڭ شۇ)** ھەيۋەتلىك تەيخاڭشەن تېغى باغرىدىكى لىنجۇ شەھىرىنىڭ لىنچى بازىرى جەنيۇەن كەنتىدىكى قارا قاشتاش ھەيكىلى سۈپىتىدا، ئاپتومات تۇتقان، مەردانە، سۈرلۈك قىياپەتتە يىراققا نەزەر تاشلاپ تۇرغان بىر قەھرىماننىڭ مىس ھەيكىلى بار. بۇ قەھرىمان دەل ئامېرىكىغا قارشى تۇرۇپ چاۋشيەنگە ياردەم بېرىش ئۇرۇشىدىكى مەشھۇر ئىنقىلابىي قۇربان سۈن جەنيۇەن.

سۈن جەنيۇەن 1925 - يىلى تۇغۇلغان، خېنەننىڭ لىنشيەن ناھىيەسىدىن. 1946 - يىلى جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيەسىگە قاتناشقان. 1948 - يىلى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىگە كىرگەن. 1951 - يىلى جۇڭگو خەلق پىدائىي قىسىمغا قاتنىشىپ چاۋشيەنگە بېرىپ ئۇرۇش قىلغان، بەنجاڭ، پەيجاڭ بولغان. ئۇ جەڭدە باتۇر، چېچەن، قەيسەر بولۇپ، ئىلگىرى - كېيىن بەش قېتىم خىزمەت كۆرسەتكەن. ئۇ جەڭچىلەرگە كۆڭۈل بۆلەتتى، كۆيۈنەتتى، ھەربىي يۈرۈش قىلغاندا دائىم باشقىلارغا ياردەملىشىپ مىلتىق، گۈرۈچ خالتىلىرىنى كۆتۈرۈشۈپ بېرەتتى، دالىدا قونغاندا دەرھال سەپداشلىرىنىڭ كېيىملىرىنى ياپاپ، ئاياغلىرىنى ئوڭشاپ بېرەتتى، يەنە ئۆزىنىڭ ئازغىنا قوشۇمچە ياردەم پۇلىغا جەڭچىلەرگە كۈندىلىك تۇرمۇش بۇيۇملىرىنى ئېلىپ بېرەتتى ياكى قىيىنچىلىقى بار ئائىلىلەرگە ياردەم بېرەتتى، ئۇ يولداشلارنىڭ ياقتۇرۇشىغا ۋە ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولغانىدى.

1952 - يىلى 10 - ئاينىڭ 14 - كۈنى، چاۋشيەن شاڭگەنلىڭ ئۇرۇشىدا، دۈشمەن ئارمىيەسى تەخمىنەن ئالتە يىڭ ئەسكىرىي كۈچ بىلەن پىدائىي قىسىم ساقلاۋاتقان 597.9 - ۋە 537.7 - ئېگىزلىكنى ئىشغال قىلىۋالغان. سۈن جەنيۇەن زەربىدارلار پېيىنى باشلاپ 597.9 - ئېگىزلىكتىكى 2 - نومۇرلۇق بازىغا قايتۇرما ھۇجۇم قىلغان، 2 - نومۇرلۇق بازىغا يېقىنلاشقاندا، ئۇنىڭ ئىككى پۇتى دۈشمەننىڭ زەمبىرەك ئوقىدا سۇنۇپ كەتكەن. ئەسكەرلەر ئۇنىڭغا بازىدىن چېكىنىشنى نەسىھەت قىلغاندا، ئۇ قەتئىي ھالدا: «مەن كومپارتىيە ئەزاسى، كوماندىر، پارتىيە ماڭا تاپشۇرغان ۋەزىپىنى ئورۇندىمىغۇچە ئورنۇمدىن قەتئىي ئايرىلمايمەن» دېگەن. ئۇ قەيسەر ئىرادە بىلەن ئۆمىلەپ يۇرۇپ قوماندانلىق قىلىپ، پارتلىتىشقا ماڭغان جەڭچى يې سەيشۆنى پىلموت بىلەن ھىمايە قىلىپ، ئۈچ ئوت كۆچى نۇقتىسىنى بېتچىت قىلغان. زەربىدار پەي 2 - نومۇرلۇق بازىغا ھۇجۇم قىلىپ چىقىپ، داۋاملىق ئىچكىرىلەپ ئىلگىرىلەۋاتقاندا، دۈشمەن تۇيۇقسىز بازىنىڭ يان ئارقا تەرىپىدىن قايتىدىن ئېتىلىپ كەلگەن، بىرنەچچە جەڭچى قازا قىلغان. ئۇ ھۇجۇم بىلەن ئالغان ئىستىھكامدىن پايدىلىنىپ، ئولجا ئالغان ئىككى پىلموتنى تىكلەپ، نۆۋەتلەشتۈرۈپ ئوقتا تۇتۇپ، دۈشمەننىڭ ئىككى قېتىملىق ھۇجۇمىنى ئارقا - ئارقىدىن چېكىندۈرۈپ، 80دىن ئارتۇق دۈشمەننى ئېتىپ ئۆلتۈرگەن ۋە يارىلاندۇرغان. دۈشمەن قايتا ھۇجۇم قوزغىغان، ئۇنىڭ سەپداشلىرى ئارقا - ئارقىدىن تالاپەتكە ئۇچرىغان، ئوق - دورىلار تۈگىگەن ئەھۋالدا، ئۇ قاتتىق ئاغرىقتا بەرداشلىق بېرىپ، ناھايىتى تەستە ئۆمىلەپ بېرىپ، دۈشمەن جەسەتلىرىدىن قول بومبىلىرىنى يىغىپ ئېلىپ داۋاملىق جەڭ قىلغان. دۈشمەن ئارمىيەسى بازىغا يۆپۈرۈلۈپ چىققاندا، ئۇ ئەڭ ئاخىرقى بىر قول بومبىسىنى پارتلىتىپ دۈشمەننى ھالاك قىلىپ، ئۆزىمۇ قۇربان بولغان، شۇ يىلى ئۇ ئەمدىلا 27 ياشتا ئىدى.

سۈن جەنيۇەن قۇربان بولغاندىن كېيىن، جۇڭگو خەلق پىدائىي قىسىم رەھبەرلىك ئورگىنى ئۇنى ئالاھىدە خىزمەت كۆرسەتتى، دەپ تولۇقلاپ ئەنگە ئالغان، «1 - دەرىجىلىك قەھرىمان» دەپ تولۇقلاپ نام بەرگەن. چاۋشيەن دېموكراتىك خەلق جۇمھۇرىيىتى ئالىي خەلق كېڭىشى دائىمىي كومىتېتى ئۇنىڭغا «چاۋشيەن دېموكراتىك خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ قەھرىمانى» نامى ۋە ئالتۇن يۇلتۇز ئوردېنى، 1 - دەرىجىلىك دۆلەت بايرىقى ئوردېنىنى تولۇقلاپ بەرگەن.

«ھەر يىلى چىڭمىڭ، ‹1 - ئىيۇل› ۋە ‹1 - ئاۋغۇست› مەزگىلىدە، نۇرغۇن لىنجۇ شەھىرى ئاھالىسى جەنيۇەن كەنتىگە كېلىپ، ئىنقىلابىي قۇرباننىڭ مىس ھەيكىلىگە ئېھتىرام بىلدۈرىدۇ، پارتىيەگە كىرىش قەسىمىنى قايتا تەكرارلايدۇ، ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيەسى پائالىيىتى ئۆتكۈزىدۇ» دېدى جەنيۇەن كەنتى پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى سۈن مېيرۇڭ.

بۈگۈنكى كۈندە، ئىنقىلابىي قۇربان سۈن جەنيۇەن خاتىرە سارىيىدا نامراتلىقتا ئۆتكەن بالىلىق چاغلار، قىزغىنلىق بىلەن ئارمىيەگە قاتنىشىش، كۆپ قېتىم قالتىس تۆھپە قوشۇش، باتۇرلارچە قۇربان بولۇشتىن ئىبارەت تۆت بۆلەك تەسىس قىلىنغان بولۇپ، ئىنقىلابىي قۇربان سۈن جەنيۇەننىڭ شانلىق ھايات مۇساپىسى نامايان قىلىنغان، سۈرەت، يۈرۈشلۈك رەسىم، مودېل قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان 70تىن ئارتۇق بۇيۇم بار ھەم ئىنقىلابىي قۇربان سۈن جەنيۇەننىڭ ھاياتىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى پەيتىدە دۈشمەن بىلەن جان تىكىپ ئېلىشىپ، دۈشمەننى ھالاك قىلىپ، ئۆزىمۇ قۇربان بولۇشتەك قەھرىمانلىق كۆرۈنۈش ئىشلەنگەن. خاتىرە سارىيىدا سۈن جەنيۇەننىڭ ئاتاكىغا ئۆتۈشكە يول ئېچىش ئۈچۈن دۈشمەننى ھالاك قىلىپ، ئۆزىمۇ قۇربان بولۇشتەك قەھرىمانلىق جاسارىتى مەدھىيەلەنگەن، شۇنىڭ بىلەن بىللە، جۇڭگو خەلق پىدائىي قىسىمنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك، ئىنتېرناتسىيونالىزملىق ۋە ئىنقىلابىي قەھرىمانلىق روھى نامايان قىلىنغان.

# كۆك ئاسماندىكى بۈركۈت — سۈن شېڭلۇ



سۈن شېڭلۇنىڭ سۈرىتى. □شىنخۇا ئاگېنتلىقى تارقاتقان

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، شىجياجۇاڭ، 7 - ئاينىڭ 13 - كۈنى تېلېگراممىسى(مۇخبىر بەي مىڭشەن)** خېبېي ئۆلكىسىنىڭ باۋدىڭ شەھىرى دىڭشىڭ ناھىيەسى پىڭگاڭ ئىنقىلابىي قۇربانلار قەبرىستانلىقىدىكى سۈن شېڭلۇنىڭ يېرىم بەدەن ھەيكىلى ھەيۋەتلىك، سۈرلۈك ئىدى، ئۇنىڭ نەزەرى قەتئىي بولۇپ، يىراقلارغا تىكىلىپ تۇراتتى، خۇددى ھەر ۋاقىت كۆك ئاسمانغا ئېتىلىش ئۈچۈن بۇيرۇق كۈتۈپ تۇرغاندەك كۆرۈنەتتى...

سۈن شېڭلۇ 1928 - يىلى تۇغۇلغان، خېبېي ئۆلكىسىنىڭ دىڭشىڭ ناھىيەسىدىن. 1945 - يىلى 8 - ئايدا ھەربىي سەپكە قاتناشقان. 1947 - يىلى 4 - ئايدا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىگە كىرگەن. 1951 - يىلى جۇڭگو خەلق پىدائىيلار قىسىمىغا قاتنىشىپ چاۋشيەنگە بېرىپ ئۇرۇش قىلغان، پىدائىي قىسىم ھاۋا ئارمىيەسى 3 - شى 9 - تۇەننىڭ ئۇچقۇچىسى، ئۇچۇش ئوتتۇرا ئەترىتىنىڭ باشلىقى بولغان. چاۋشيەنگە بېرىپ ئۇرۇش قىلىش جەريانىدا، ئۇ باتۇر، زېرەك بولۇپ، نەچچە ئون قېتىملىق ھاۋا ئۇرۇشىغا قاتناشقان، دۈشمەن ئايروپىلانلىرىدىن ئالتىنى ئېتىپ چۈشۈرگەن، دۈشمەن ئايروپىلانلىرىدىن بىرىنى زەخىملەندۈرگەن، كىشىلەر ئۇنى «ئاسماندىكى زەربىدار» دەپ تەرىپلىگەن.

ئۇ ياردەمچى ئايروپىلان ئۇچقۇچىسى ما لىيەنيۇ بىلەن مۈرىنى مۈرىگە تىرەپ جەڭ قىلىپ، ئۆزئارا ماسلىشىپ، ھەر قېتىملىق ھاۋا ئۇرۇشىدا بىر - بىرىنى رىغبەتلەندۈرۈپ، جەزمەن غەلىبە قىلىش ئىشەنچىنى چىڭىتقان. 1952 - يىلى 11 - ئاينىڭ 15 - كۈنى سۈن شېڭلۇ، ما لىيەنيۇ داتوڭجياڭ دەرياسىنىڭ ھاۋا بوشلۇقىدا چارلاش ئېلىپ بارغان، قايتىدىغان ۋاقتىتا، سۈن شېڭلۇ تۇيۇقسىز ئىككى دۈشمەن ئايروپىلانىنى بايقاپ، دەرھال ياردەمچى ئايروپىلان بىلەن ئالاقىلىشىپ، ئىككىيلەن ئايروپىلاننى ھەيدەپ، شىددەت بىلەن قوغلىغان. سۈن شېڭلۇ دۈشمەن ئايروپىلانىغا ھۇجۇم قىلىۋاتقاندا، ئارقىسىدىن يەنە ئىككى دۈشمەن ئايروپىلانى يېتىپ كەلگەن، ما لىيەنيۇ ئايروپىلان گەۋدىسىنى بۇراپ دۈشمەن ئايروپىلانى بىلەن تۇتۇشقان. سۈن شېڭلۇ يانچە ئۇچۇپ تېزلىكتە دۈشمەن ئايروپىلانىنى توپقا تۇتۇپ، دۈشمەننىڭ بىر ئايروپىلانىنى پاچاقلاپ تاشلىغان، يەنە بىر ئايروپىلان قوشۇمچە ماي باكىنى تاشلاپ ئالاقزادە بولۇپ تۆۋەنلىگەن. سۈن شېڭلۇ دەرھال ئايروپىلاننى بۇراپ ما لىيەنيۇگە ياردەم بەرگەن، دۈشمەن ئايروپىلانى ئالاقزادە بولۇپ قېچىپ كەتكەن.

12 - ئاينىڭ 2 - كۈنى، دۈشمەن «كوزىر» ئايروپىلان توپى دەپ ئاتالغان F–86 تىپلىق ئۇچۇش چوڭ ئەترىتىنى كۆپەيتكەن. ئىككىنچى كۈنى چۈشتىن كېيىن، زور بىر تۈركۈم بومباردىمانچى ئايروپىلان يالۇجياڭ كۆۋرۈكى ۋە ئېلېكتىر ئىستانسىسىنى بومباردىمان قىلىشقا ئۇرۇنغان. ھاۋا ئارمىيە قوماندانى ۋاڭ خەي دەرھال جەڭ بۈركۈتلىرىنى باشلاپ ئاسمانغا كۆتۈرۈلگەن، سۈن شېڭلۇ، ما لىيەنيۇ ۋاڭ خەينىڭ يان تەرەپ كەينىگە يېقىن ئەگىشىپ دۈشمەن ئايروپىلان توپىغا ھۇجۇم قىلغان. ۋاڭ خەي دۈشمەن ئايروپىلانلىرىدىن بىرنى ئېتىپ چۈشۈرۈپ، يەنە بىرىنى قوغلاپ زەربە بېرىۋاتقاندا، كەينىدىن تۆت دۈشمەن ئايروپىلانى ھۇجۇم قىلىپ كەلگەن. بۇ چاغدا ما لىيەنيۇنىڭ ئايروپىلانى بۇرۇلغاندا «سپىرال» ھالەت كۆرۈلۈپ، سۈن شېڭلۇ تۆت دۈشمەن ئايروپىلانىغا ئۆزى تاقابىل تۇرغان. شىددەتلىك جەڭدە، ئۇ ئىككى ئايروپىلاننى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئېتىپ چۈشۈرگەن، ئۆزىنىڭ ئايروپىلانىمۇ ئېغىر زەخىملىنىپ، ئايروپىلان گەۋدىسىدە 37 ئوق تۆشۈكى قالغان. سۈن شېڭلۇ كامالەتكە يەتكەن ئۇچۇش تېخنىكىسىغا تايىنىپ، زەخىملەنگەن ئۇرۇش ئايروپىلانىنى كونترول قىلىپ بىخەتەر قايتىپ قونغان. 12 - ئاينىڭ 3 - كۈنى سۈن شېڭلۇ يەنە بىر قېتىم ئاسمانغا كۆتۈرۈلۈپ جەڭ قىلغان ھەم دۈشمەن ئايروپىلانلىرىدىن بىرىنى ئېتىپ چۈشۈرگەن. قايتىۋاتقاندا، ئۇ ئارقا تەرەپتىن تۇيۇقسىز كەلگەن تۆت دۈشمەن ئايروپىلانىنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچراپ، 24 يېشىدا شەرەپ بىلەن قۇربان بولغان.

سۈن شېڭلۇ قۇربان بولغاندىن كېيىن، جۇڭگو خەلق پىدائىي قىسىم ھاۋا ئارمىيەسى ۋە چاۋشيەن خەلق ھاۋا ئارمىيەسى ئۇنى ئالاھىدە خىزمەت كۆرسەتتى، دەپ تولۇقلاپ ئەنگە ئالغان ھەم ئۇنىڭغا ئالاھىدە تۆھپىكار، 1 - دەرىجىلىك ئۇرۇش قەھرىمانى، دەپ نام بەرگەن. سۈن شېڭلۇ تۇرۇشلۇق ئوتتۇرا ئەترەت دۈشمەن ئايروپىلانلىرىدىن 12نى ئېتىپ چۈشۈرۈپ، قەھرىمان ئوتتۇرا ئەترەت، دېگەن لەۋھەگە ئېرىشكەن ھەم كوللېكتىپ 1 - دەرىجىلىك خىزمەت كۆرسەتتى، دەپ ئەنگە ئېلىنغان.

بۈگۈنكى كۈندە، ھەر قېتىمقى چىڭمىڭدا، ئىنقىلابىي قۇربانلارنى خاتىرىلەش كۈنىدە، شۇ يەردىكى كادىرلار، ئامما قەبرىستانلىققا بېرىپ قەبرە سۈپۈرۈپ، سۈن شېڭلۇنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئىنقىلابىي قۇربانلارغا تەزىيە بىلدۈرۈپ، ئىنقىلابىي قۇربانلارنىڭ روھىغا ئەۋلادمۇ ئەۋلاد ۋارىسلىق قىلىپ كەلمەكتە.

ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى ياڭزىجياڭ كوچىسى 1 - نومۇر. ئېلان باشقارمىسى: 5850783، تارقىتىش مەركىزى: 5859769، تېلېگراف نومۇرى: 5028. پوچتا نومۇرى: 830051. گېزىتنىڭ يىللىق باھاسى: 336 يۈەن، ئايلىق باھاسى: 28 يۈەن، پارچە باھاسى: بىر يۈەن (گېزىتنىڭ تىزىملاش نومۇرى: 102)